# ياناھلانغۇچىلار قوللانمىسى



دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەتقىقات كومىتېتى

# پاناھلانغۇچىلار قوللانمىسى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى

تەتقىقات كومىتېتى

# پاناھلانغۇچىلار قوللانمىسى

ھۆرمەتلىك شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلار، سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ قوللانما نۆۋەتتە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇساپىرلىق ئازابىنى تارتىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا يېزىلدى. ئىلگىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شۇنداقلا ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرتەشكىلاتلىرى مۇساپىرلار توغرىسىدا بىر قىسىم پايدىلىنىش ماتىرىياللىرىنى تۈزۈپ ئېلان قىلغان. خىتتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرلۈك زۇلۇم سىياستىنىڭ كۈنسايىن ۋەھشىلىشىشى، بولۇپمۇ 2009- يىلىدىكى 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قانلىق قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن زور بىر تۈركۈم شەرقىي تۈركىستانلىقلار ۋەتەندىن ئايرىلىپ چەتئەللەرگە قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى.

خىتتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كېيىنكى يىللار جەريانىدا، چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ ۋە بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەندىكى ئائىلە -تاۋاباتلىرىغا بىسىم ئىشلىتىپ مەجبۇرى ئېلىپ كىتىشى، شەرقىي تۈركىستاندا بولسا ئاتالمىش تەربىيلەش مەركەزلىرى نامىدىكى كوللىكتىپ جازالاش لاگىرلىرىنى تەسىس قىلىپ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋاستىلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇشى، تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتتە  ياكى دىموكراتىك دۆلەتلەرگە بېرىپ پاناھلىق تىلەشكە مەجبۇر قىلماقتا. بولۇپمۇ كۆپ قىسىم ئىسلام دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز خىتتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەجبۇرى ئېلىپ كىتىش خىرىسىغا دۇچ كەلمەكتە: سەئۇدى-ئەرەبىستان، شۇنداقلا ئەرەپ- بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە ئەزا دۆلەتلەر، مىسىر، مالايسا، ۋە ئوتتۇرا ئاسيادىكى قېرىنداش مىللەت دۆلەتلىرى.

شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز خىتتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن زۇلۇمغا دۇچار بۇلۇپ چەتئەللەرگە قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولماقتا. ئەمما خىتتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى مائارىپ جەھەتتە خىتتايلاشتۇرۇش، تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئاخبارات، ئۇچۇر- ئالاقىدىن پايدىلىنىش ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرغاچقا چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ خەلقئارا قانۇن  ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھەق- ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىشتىمۇ قايمۇقۇپ، گاڭگىراپ مۇساپىرلىقنىڭ دەرت قايناملىرىدا سەرسان بولىۋاتىدۇ  .

بىز يۇقىرىدا دېيىلگەن سەۋەپلەرگە ئاساسەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ياۋروپا ئىتتىپاقى، شۇنداقلا غەرپ دىموكراتىك دۆلەتلىرىنىڭ پاناھلانغۇچىلار توغرىسىدىكى خەلقئارالىق ئەھدىنامە، قانۇن- سىياسەتلىرى ئاساسىدا، شۇنداقلا دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە باشقا تۈرلۈك جەھەتلىرىدىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭىدىن بارلىققا كىلىۋاتقان، پاناھلانغۇچىلارنىڭ بىۋاستە مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك، بۇ ساھەدە ئۇزۇن يىل خىزمەت قىلىپ بەلگىلىك تەجرىبىگە ئىگە بولغان كەسپىي خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ ، بۇ قوللانمىنى تۈزۈپ چىقتۇق.

بۇ قوللانما دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتتە ياكى ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتتىن باشقا بىر دىموكراتىك دۆلەتكە بېرىپ، ئۆز ھەق-ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىسا، بىز قىلغان ئەمگىكىمىزدىن مەمنۇن بولىمىز.

ئىھتىرام بىلەن:

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەتقىقات كومىتېتىدىن

2018-يىل گىرمانىيە، ئاپرىل

**مۇندەرىجە**

1. دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسى ۋە جەنۋە ئەھدىنامىسى
2. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى (Amnesty International)
3. ياۋروپا كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئەھدىنامىسى
4. كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى كۈزىتىش تەشكىلاتى
5. دۇبلىن شەرتنامىسىنىڭ مەزمۇنى نىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟
6. "پاناھلانغۇچى" دىگەن نىمە؟ ياكى قانداق ئادەم پاناھلىنىش سالاھىيتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ؟
7. پاناھلانغۇچى بىلەن كۆچمەننىڭ (مۇھاجىر) پەرقى نىمە؟
8. پاناھلانغۇچىنىڭ پاناھلانغان دىموكراتىك دۆلەتتە قانداق قانۇنىي ھەق- ھوقۇقلىرى بار؟
9. پاناھلانغۇچىنىڭ پاناھلانغان دۆلەتتە قانداق مەجبۇرىيىتى بار؟
10. پاناھلانغۇچىنىڭ پاناھلىق تىلەش ئىلتىماسىنى قايسى ئورۇن قوبۇل ياكى رەت قىلىدۇ؟
11. پاناھلانغۇچىنىڭ پاناھلىق تىلىگەن دۆلەتتىن يەنە باشقا دۆلەتكە يۆتكىلىپ ياشاش ھوقۇقى بولامدۇ؟
12. پاناھلانغۇچىلارنىڭ قانچە تۈرىنى بىلىسىز؟
13. پاناھلىق ئىلتىماسدىكى قەدەم- باسقۇچلار.
14. گۇۋاھلىق سۆھبىتى
15. تەۋسىيە

## دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسى ۋە جەنۋە ئەھدىنامىسى

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يەنى 1948 -يىلى 12-ئاينىڭ10 -كۈنى ئىمزالانغان "دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسى" ۋە 1951- يىلى 7- ئاينىڭ 28- كۈنى ئىمزالانغان "جەنۋە ئەھدىنامىسى" پاناھلانغۇچىلار خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە بۇ تۆردىكى خىزمەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئورگانلىرى ھېساپلىنىدۇ. بۇ خىتاپنامە، ئەھدىنامىنىڭ روھىغا ئاساسەن 1951- يىلى 7-ئاينىڭ 28 -كۈنى 147 دۆلەتنىڭ قوشۇلۇشى ۋە ئىمزالىشى بىلەن (UNHCR-United nations High Commissioner for Refugees ) بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پاناھلانغۇچىلار ئالىي كومىتېتى قۇرۇلغان .



بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پاناھلانغۇچىلار ئالىي كومىتېتى قۇرۇلۇش مۇراسىمى .

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پاناھلانغۇچىلار ئالىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە ياردەمگە ئېرىشكەن ئادەم سانى 50 مىليوندىن ئاشىدۇ. بۇ ئورگان پاناھلانغۇچىلارغا كۆرسەتكەن ئىنسانپەرۋەرلىك خىزمەت نەتىجىسى بىلەن 1954 ۋە 1981-يىللىرى ئىككى قېتىم نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پاناھلانغۇچىلار ئالىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا نۆۋەتتە 68 دۆلەت ئەزا بولغان بولۇپ خىتتاي دۆلىتىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. ئەمما خىتاي دۆلىتى ئۆز قانۇنىنىلا ئەمەس بەلكى خەلقئارالىق ئەھدىنامە، قانۇن-پىرىنسىپلارغىمۇ ئەمەل قىلماي ئۇنى ئاياق ئاستى

قىلىپ، نۆۋەتتە دۇنيادىكى كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى بويىچە ئەڭ ناچار دۆلەت ھېساپلىنىپ كەلمەكتە.

### خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى (Amnesty International)

بۇ ئورگاننى پېتىر بېنېنسون ئىسىملىك ئەنگلىيىلىك ئادۋۇكات 1961-يىلى لوندوندا قۇرغان. كىيىنچە گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە ۋە شۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ قۇرۇلۇپ، نۆۋەتتە 150 دۆلەتتە خىزمەت قىلىدىغان، 7 مىليوندىن ئارتۇق ئەزاسى بولغان خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى نىشان قىلغان ئورگان.

**ياۋروپا كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئەھدىنامىسى:** بۇ ئەھدىنامە 1950-يىلى 11-ئاينىڭ 4- كۈنى رىمدا ماقۇللانغان

**كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى كۈزىتىش تەشكىلاتى (Human Rights Watch)** بۇ ئورگان نيۇ-يوركتا بۇلۇپ 1978- يىلى قۇرۇلغان، نوۋەتتە 400 ئەتراپىدا مەخسۇس خادىم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۈرۈپ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

### دۇبلىن شەرتنامىسىنىڭ مەزمۇنى نىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

دۇبلىن شەرتنامىسىII: 2003- يىلى 5 -ۋە 8- فىۋرال كۈنى ئىمزالانغان.

دۇبلىن شەرتنامىسى II: 2013- يىلى 26- ئىيۇن كۈنى ئىمزالانغان. بۇ شەرتنامىلەرنىڭ بىزگە مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

پاناھلانغۇچى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا بولغان ھەرقانداق بىر دۆلەتكە كەلگەندە، بىرىنچى بولۇپ كەلگەن دۆلەتكە پاناھلىق تىلەش ئىلتىماسىنى سۇنۇشى كىرەك. ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىنى كۆرۈپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمەت ئۆلچىمى، پىرىنسىپى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن "خىتاپنامە"،"ئەھدىنامە"، "شەرتنامە" لەرنىڭ روھى بويىچە ئوخشاش بولىدۇ. ھاياتى خەتەر ئاستىدىكى پاناھلانغۇچى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دىموكراتىك بىر دۆلەتكە ئاياق باسقاندىن كىيىن، شۇ دۆلەتتە پاناھلىق تىلىشى شەرت. ئەلۋەتتە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى، پاراۋانلىق قاتارلىق تەرەپلەردىكى پەرقى مەۋجۇت. ئەمما پاناھلانغۇچىنىڭ بۇ پەرقلەر سەۋەپلىك، دۆلەتلەرنى تاللاپ، ئەڭ ياخشى دۆلەتتە پاناھلىنىش سالاھىيىتى بولمايدۇ، بۇ خىل ئەھۋال "دۇبلىن شەرتنامىسى" غا خىلاپ .

"دۇبلىن شەرتنامىسى" دە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەردە پاناھلانغۇچىلارنىڭ ئۆچۈرنى ئۆز- ئارا ئالماشتۇرۇش پىرىنسىپى بەلگىلەنگەن، يەنى: بارماق ئىزى، ئىسىم فامىلىسى، دۆلەت تەۋەلىكى (كەلگەن دۆلىتى)، كىلىش يولى قاتارلىقلار بولۇپ بۇنىڭدىكى مەقسەت: پاناھلانغۇچىلارنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەردە ئايلىنىپ پاناھلىق تىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئائىلە ئەزالىرى يولدا ئايرىلىپ كىتىپ ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەرگە ئايرىم- ئايرىم، باشقا- باشقا دۆلەتلەرگە، ئوخشاش ۋاقىتتا ياكى ئىلگىرى- كىيىن كەلگەن بولسا، يەنىلا يۇقىرىدا دىيىلگەن "ختاپنامە"،"ئەھدىنامە"، ,,شەرتنامە" لەرنىڭ روھى بويىچە پاناھلىق ئىلتىماسىنى سۈنۈپ، ۋە بۇخىل ئەھۋالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئائىلەنىڭ جەم بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

(2015،2016-يىللىرىدىكى پاناھلانغۇچىلار يۇقىرى دولقۇنىدا، غەربىي، شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىگە كەلگەن پاناھلانغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى گېرتسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەردىن كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار تۈنجى كەلگەن دۆلەتلىرىگە قايتۇرۇلمىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارمۇ بار. چۈنكى ئەينى چاغدىكى شارائىت، ئۇ دۆلەتلەرنىڭ پاناھلانغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىدى.)

يۇقىرىدا دىيىلگەن كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئورگانلىرىنىڭ ھازىر دۇنيادىكى زور كۆپ قىسىم دۆلەتلەردە خىزمەت ئاپپاراتلىرى ۋە شۆبىلىرى بار. چۈنكى دىگىنىمىزدەك ب د ت غا ئەزا بولغان ۋە يۇقىرىدا دىيىلگەن ئەھدىنامىلەرگە ئاشۇ دۆلەتلەر بىردەك ئىمزا قويغان. ئىمزا قويغانىكەن، ئەلۋەتتە ئەھدىنامىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلارنى ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كىلىدۇكى، دۇنيا ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنىڭ تەڭپۇڭسىز بولۇشى، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ خىتتاي دۆلىتى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مەنپەئىتى سەۋەپلىك بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇ ئۆز كۈچىنى تولۇق كۆرسىتەلمەي كىلىۋاتىدۇ.

دىموكراتىك دۆلەتلەر يۇقىرىدىكى ئەھدىنامە- شەرتنامىلەردىكى، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش، ۋە ئۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان مەزمۇنلارنى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسى- قانۇن ماددىلىرىغا كىرگۈزگەن بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار دىموكراتىك دۆلەتلەردە قانۇنىي كۈچكە ئىگە ۋە شۇنداقلا قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ ھەم كاپالەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئورگان- تەشكىلاتلىرىدىن باشقا يەنە ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلاردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش خىزمەت قىلىدىغان دۆلەتلىك، خەلقئارالىق ئورگان ۋە تەشكىلاتلار مەۋجۇت.

ئالايلۇق گىرمانىيە، شۋىتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى "خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى"

بىلگىيەدىكى "ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى" قاتارلىق تەشكىلاتلار ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھەق- ھوقۇقلىرىنى قوغداش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كەلمەكتە. بىز پەقەت ئالاھىدە نوپۇزلۇق، خەلقئارادا تەسىرى كۈچلۈك بولغان ۋەكىل خارەكتېرلىق ئورگان- تەشكىلاتلارنىلا تونۇشتۇردۇق.

تۆۋەندە بىز شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز پاناھلىق تىلەشتە بىۋاستە دۇچ كېلىدىغان كونكرېت مەسىلىلەرگە ئۆتىمىز.

## "پاناھلانغۇچى" دېگەن نىمە؟ ياكى قانداق ئادەم پاناھلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ؟

بىر ئىنسان، ئۆزى گىراژدان بولغان دۆلەتتە سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي زوراۋانلىققا ئۇچرىسا، ئېتنىك مىللەت بولغانلىقى، دىنىي ئېتىقادى سەۋەپلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېسىم، زوراۋانلىقىغا ئۇچرىسا، ۋە شۇ سەۋەپلىك سەھىيە- داۋالىنىش، نورمال مائارىپ تەربىيىسى ئېلىش، دىنىي ئېتىقادى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئەركىن نىكاھلىنىش ، مەدەنىيەت، ئۆرپ- ئادەت، خىزمەت قىلىش ياكى خىزمەت تېپىش جەھەتتە شۇ ھۆكۈمەت ياكى جەمئىيەت تەرىپىدىن يەكلىنىپ، شۇ دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ ياكى شۇ دۆلەتتىكى ئەدلىيە- قانۇن ئورگانلىرىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشەلمەي ، ئۆز دۆلىتىدىن قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز يوللار بىلەن نورمال ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قېچىپ چىققان بولسا، بۇ ئادەم پاناھلىق تىلەش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئەمما يۇقىرىدا دېيىلگەن بارلىق سەۋەپلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولۇشى شەرت ئەمەس، پەقەت شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى بولسا كۇپايە. بۇ نۇقتىلار توغرىسىدا كېيىنچە تەپسىلى توختىلىمىز.

## پاناھلانغۇچى بىلەن كۆچمەننىڭ (مۇھاجىر) پەرقى نىمە؟

**پاناھلانغۇچى:** يۇقىرىدا دېيىلگەن سەۋەپلەرنى كۆرسىتىپ پاناھلىق تىلەش سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ. سالاھىيەتكە ئېرىشكەندىن كىيىن ئىختىيارى ھالدا كەلگەن دۆلىتىگە قايتالمايدۇ، چۈنكى دۆلىتىگە قايتقان تەقدىردە، يەنىلا يۇقىرىدا دېيىلگەن پاجىئەگە دۇچار بولىدۇ.

**كۆچمەن:** ئۆز دۆلىتىدىن، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئايرىلىپ باشقا دۆلەتتە تىخىمۇ ياخشىراق ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن چىقىدۇ. خالىغان ۋاقتىدا ئۆز دۆلىتىگە قايتالايدۇ، قايتقاندىمۇ يەنە شۇ دۆلەتنىڭ

پۇخراسى بەھرىمەن بولۇشقا تىگىشلىك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولالايدۇ. مانا بۇ پاناھلانغۇچى بىلەن كۆچمەن ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرق.

## پاناھلانغۇچىنىڭ پاناھلانغان دىموكراتىك دۆلەتتە قانداق قانۇنىي ھەق- ھوقۇقلىرى بار؟

شۇ دۆلەتنىڭ ئاساسى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن، شۇ دۆلەت پۇخرالىرى بەھرىمەن بولۇشقا تىگىشلىك دائىرىدىكى ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

پىكىر ئەركىنلىكى، شۇ دۆلەتتە ئەركىن يۈرۈش ھوقۇقى ھەم تۈرلۈك يولسىزلىق ۋە زوراۋانلىقتىن قوغدىنىشنى قانۇن ئورگانلىرىدىن تەلەپ قىلىش ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

شۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي جەھەتتىن بەھرىمەن بولۇشقا تىگىشلىك ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

سەھىيە- سالامەتلىك جەھەتتە نورمال داۋالىنىش، نورمال مائارىپ تەربىيىسى ئېلىش ۋە شۇنىڭدەك شۇ جەمئىيەتتە نورمال خىزمەت قىلىش ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولىدۇ .

## پاناھلانغۇچىنىڭ پاناھلانغان دۆلەتتە قانداق مەجبۇرىيىتى بار؟

پاناھلانغۇچى، پاناھلىق بەرگەن دۆلەتنىڭ قانۇن- سىياسەتلىرىگە بويسۇنىشى، شۇ دۆلەتنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىگە رىئايە قىلىشى كېرەك.

## پاناھلانغۇچىنىڭ پاناھلىق تىلەش ئىلتىماسىنى قايسى ئورۇن قوبۇل ياكى رەت قىلىدۇ؟

پاناھلىق تىلىگۈچىنىڭ پاناھلىق تىلەشتە كۆرسەتكەن سەۋەپلىرىنى، شۇ دۆلەت قانۇن ئورگانلىرى، دۆلەتنىڭ ئاساسى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن، پاناھلىق تىلىگۈچىلەرگە ئائىت ماددىلىرىغا ئاساسەن كۆرۈپ چىقىپ قوبۇل قىلىدۇ ياكى رەت قىلىدۇ .

## پاناھلانغۇچىنىڭ پاناھلىق تىلىگەن دۆلەتتىن يەنە باشقا دۆلەتكە يۆتكىلىپ ياشاش ھوقۇقى بولامدۇ؟

نورمال ئەھۋال ئاستىدا، پاناھلىق بەرگەن دۆلەتنىڭ يۇخراسى بولۇشتىن ئىلگىرى باشقا دۆلەتكە يۆتكەلىسىڭىز بولمايدۇ، ئەمما ئائىلە بىرلەشتۈرۈش سەۋەبلىك يۆتكىلىشنى ياكى باشقا دۆلەتتىن يۆتكەپ كىلىشنى ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقىڭىز بولىدۇ .

## پاناھلانغۇچىلارنىڭ قانچە تۈرىنى بىلىسىز؟

1. ئىچكى- تاشقى ئۇرۇشتىن قېچىپ پاناھلىنىش.
2. تەبىئىي ئاپەت بۇزغۇنچىلىقىدىن قېچىپ پاناھلىنىش.
3. پىكىر- ئاخبارات ئەركىنلىكى سەۋەبىدىن قېچىپ پاناھلىنىش.
4. سىياسى ئەركىنلىكى سەۋەپلىك قېچىپ پاناھلىنىش.
5. دىنىي ئەركىنلىكى سەۋەپلىك قېچىپ پاناھلىنىش.
6. نىكاھ ئەركىنلىكى سەۋەپلىك قېچىپ پاناھلىنىش.
7. نورمال مائارىپ تەربىيىسى ئالالماسلىق سەۋەپلىك قېچىپ پاناھلىنىش.
8. نورمال داۋالىنالماسلىق سەۋەپلىك قېچىپ پاناھلىنىش.
9. ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش سەۋەپلىك قېچىپ پاناھلىنىش.
10. ياشاۋاتقان ئورنىنىڭ مۇھىت بۇزۇلۇشى سەۋەپلىك قېچىپ پاناھلىنىش.

ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ مائارىپ تەربىيىسى، قىممەت قارىشى شۇنىڭدەك چۈشەنچىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەپلىك يۇقىرىقى نۇقتىلار توغرىسىدا قىسقىچە ئىزاھات بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

## ئىچكى- تاشقى ئۇرۇشتىن قېچىپ پاناھلىنىش.

ياشاۋاتقان دۆلىتىڭىزدە ئىچكى ئۇرۇش، قورالىق توقۇنۇش ياكى قوشنا دۆلەت بىلەن ئۇرۇش بولغاندا، ئۆزىڭىز ۋە ئائىلىڭىزنىڭ ھايات بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، بىر دىموكراتىك دۆلەتكە قېچىپ پاناھلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

## تەبىئىي ئاپەت بۇزغۇنچىلىقىدىن قېچىپ پاناھلىنىش.

ياشاۋاتقان دۆلىتىڭىزدە ياكى رايوندا تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ: يەر تەۋرەش، ئېغىر قۇرغاقچىلىق، زور كەلكۈن، ھاشارەت ئاپىتى، يۇقۇملۇق كىسەللىك قاتارلىق ئاپەتلەرگە دۇچار بولۇپ، دۆلىتىڭىز ياكى

ھۆكۈمىتىڭىز شۇنداقلا شۇ دۆلەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇن، ئورگانلارنىڭ ماس قەدەمدىكى قوغلاپ، ھەربىي تاقىشى، يارىدىمىگە ئەرىشىشتىن مەھرۇم قالسىڭىز ۋەياكى چەتكە قېقىلسىڭىز، ئۆزىڭىز ۋە ئائىلە ئەزالىرىڭىزنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر دېموكراتىك دۆلەتكە قېچىپ بېرىپ پاناھلانسىڭىز بولىدۇ.

## پىكىر- ئاخبارات ئەركىنلىكى سەۋەبىدىن قېچىپ پاناھلىنىش.

دۆلىتىڭىز ياكى ياشاۋاتقان رايونىڭىزدا ئاخبارات، نەشرىيات، تەشۋىقات ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىپ ، ياكى ھەۋەسكار، قوشۇمچە كەسىپ قاتارىدا ، ئەقەللىي رىئاللىق توغرىسىدا يازغان ئەسەر، ئۇتۇقلىرىڭىز، شۇنداقلا يازمىلىرىڭىز ئىزچىل تۈردە ھۆكۈمەت ياكى ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ مەنئىي قىلىشىغا ئۇچرىسا، شۇ سەۋەبلىك خىزمىتىڭىزدىن ھەيدەلسىڭىز، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىكى سەۋەپتىن باشقا ئورۇنلارمۇ سىزنى كەمسىتىپ ئىشقا ئالمىسا، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەدلىيە- قانۇن ئورۇنلىرى سىزنىڭ بۇ تۈردىكى ھەق- ھوقۇقلىرىڭىزنى قوغدىمىسا ياكى بېسەرۋا مۇئامىلە قىلسا ، ئاخىرى جازالانسىڭىز ھەتتا تۈرمىلەرگە تاشلانسىڭىز، ئاخىرىدا سىز پۈرسەت تېپىپ ، دۆلىتىڭىزدىن قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز قېچىپ چىقىپ پاناھلانسىڭىز بولىدۇ.

## سىياسى ئەركىنلىكى سەۋەپلىك قېچىپ پاناھلىنىش.

ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان دۆلەت ياكى رايوندا، ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، نىكاھ ئەركىنلىكى، شۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پىرىنسىپلاردىكى ئەقەللىي كىشىلىك ياشاش ئەركىنلىكىڭىز ئۈچۈن ۋە ياكى ئۆز مىللىتىڭىزنىڭ يۇقىرىدا دېيىلگەن ئەركىنلىكلىرى ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەتنىڭ قانۇن- سىياستىگە قارشى ئىش قىلغان بولسىڭىز: ھۆكۈمەت ئىجرا قىلىۋاتقان قانۇن- سىياستىگە قارشى تەشكىلات، جەمئىيەت قۇرۇش، يازما شەكىلدە باياناتلار ئېلان قىلىش، جامائەتنى تەشكىللەپ قارشىلىق كۆرسىتىش، جامائەتنى ھۆكۈمەتنىڭ خاتا سىياستىگە قارشى نامايىشقا تەشكىللەش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسىڭىز ھاياتىڭىز خەۋپكە ئۇچراش ئېھتىمالى زور بولغاندا (ئەلۋەتتە ھۆكۈمەت قانۇن ئورگانلىرىنىڭ يەنى قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئېرىشەلمىگەن ئەھۋالدا) دۆلىتىڭىزدىن قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز چىگرىدىن چىقىپ (ئائىلىڭىز بىلەن بىرگە) دېموكراتىك دۆلەتتە پاناھلىق تىلىسىڭىز بولىدۇ.

## دىنىي ئەركىنلىك سەۋەبىدىن قېچىپ پاناھلىنىش.

دىنىي ئەركىنلىك، بىر ئىنساننىڭ ئەقەللى ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولۇپ، خىتتاي دۆلىتىنىڭ ئاساسى قانۇنىدىمۇ ھەركىمنىڭ ئۆز دىنى –ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمما رېئاللىق دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. ئەگەر سىز دىن ئۆگىنىش ياكى ئۆگىتىش، ۋە ياكى دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھۆكۈمەت بايقاپ قېلىپ ياكى بايقاپ قېلىشتىن ئىلگىرى دۆلىتىڭىزدىن قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق چىگرىدىن چىقىپ، دىموكراتىك دۆلەتتە پاناھلىق تىلىسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر سىز قېچىپ چىقمىغان ئەھۋالدا ھۆكۈمەت سىزنى ئۇزۇن مۇددەتلىك تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشى ياكى ھاياتىڭىزنىڭ خەۋپكە ئۇچراش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن چوڭ.

## نىكاھ ئەركىنلىكى سەۋەپلىك قېچىپ پاناھلىنىش.

نۆۋەتتە خىتتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى تېزدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئاتالمىش "رىغبەتلەندۈرۈش سىياسىتى" نى يولغا قويۇپ ئۇيغۇرلارنى خىتتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىماقتا .

ئەگەر نىكاھلىنىش يېشىغا يەتكەن ۋە خىتتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل، نىكاھ ئەركىنلىكىگە قارشى ھالدا خىتتايلار بىلەن تويلىشىشنى خالىمىغان قىز- يىگىت (ئەر- ئايال) ئۆزىڭىزنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ياكى سىزنىڭ ئاتا- ئانىڭىز پەرزەنتلىرىنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، دۆلىتىڭىزدىن قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق چىگرىدىن چىقىپ، دىموكراتىك دۆلەتتە پاناھلىق تىلىسىڭىز بولىدۇ. چۈنكى سىز خىتتاي بىلەن نىكاھلىنىشنى رەت قىلغىنىڭىز ئۈچۈن ئېغىر جازاغا ئۇچراش ئېھتىمالى زور. ئەلۋەتتە سىزنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىڭىز خىتتاي دۆلىتىنىڭ قانۇنىدا قوغدالمىغان ئەھۋال ئاستىدا.

## نورمال مائارىپ تەربىيىسى ئالالماسلىق سەۋەپلىك قېچىپ پاناھلىنىش.

نورمال مائارىپ تەربىيىسى ئېلىش، بىر ئىنساننىڭ قۇياش نۇرىدىن بەھرىمەن بولغىنىغا ئوخشاش ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقلىرىدىن بىرىدۇر. ۋەتىنىمىزدە ھازىر خىتتاي ھۆكۈمىتى "قوش تىللىق مائارىپ" دىگەن ساختا نامدا ئۇيغۇر تىلىنى تۈرلۈك ساھەلەردە ئىشلىتىشتىن قالدۇرۇپ، خىتتاي تىلى مائارىپىنى كەسكىن يولغا قويماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە "قوش تىللىق مائارىپ" قا ماسلاشمىغانلارنى تۈرلۈك چارە- ئۇسۇللار بىلەن جازالاپ، ئۇلارنى جەمئىيەتتە يەكلىمەكتە.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئانا تىلىدا مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈش ئەركىنلىكىڭىزنى قوغداش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل سىياسىتىگە قارشى ھالدا، دۆلىتىڭىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك مائارىپ، قانۇن ئورۇنلىرىغا بۇ خىل ئۈمىدىڭىزنى ئىنكاس قىلىپ، قوللاش ئورنىغا ئەكسىچە كەمسىتىش، جازالىنىش، ھەتتا ھاياتىڭىز خەۋپكە ئۇچراش ئېھتىمالى تۇغۇلغاندا، قېچىپ چىقىپ، دېموكراتىك دۆلەتتە پاناھلىق تىلىسىڭىز بولىدۇ. (بىر قىسىم ئاتا- ئانىلار نارازىدە پەرزەنتلىرىنى يۇقىرىقى سەۋەپلەردىن دېموكراتىك دۆلەتكە قاچۇرۇپ كىلىپ پاناھلىق تىلىگەن، ۋە ئىلتىماسىمۇ قوبۇل بولۇۋاتىدۇ.)

### نورمال داۋالىنالماسلىق سەۋەپلىك قېچىپ پاناھلىنىش.

سىز ياشاۋاتقان دۆلەت ياكى رايوندا، ئېغىر كىسەللىكە گىرىپتار بولۇپ، شۇ دۆلەتنىڭ داۋالاش تېخنىكىسى ئاجىز بولسا ياكى يۇقۇملۇق ئېغىر كىسەلگە دۇچار بولۇپ جەمئىيەتتە كەمسىتىشكە ئۇچرىسىڭىز ۋە ياكى سىزنى ھۆكۈمەت، سەھىيە- داۋالاش ئورۇنلىرى مىللەت، دىن، ئېرقىي ئارقا كۆرۈنۈشىڭىز سەۋەپلىك، تۈرلۈك شەكىلدىكى ئاۋارىيەدە مىيىپ بولۇپ قېلىپ، نورمال داۋالاش ئېلىپ بارمىسا، دېموكراتىك دۆلەتكە قېچىپ چىقىپ پاناھلىق تىلىسىڭىز بولىدۇ.

### ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش سەۋەپلىك قېچىپ پاناھلىنىش.

ئۆز تىرىشچانلىقىڭىز بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىگىلىك تىكلىگەن، ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇرلارنى قاتتىق قوللۇق باستۇرۇش سىياستى نەتىجىسىدە، ئىتنىك ئارقا كۆرۈنۈشىڭىز سەۋەپلىك ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولسىڭىز، يەنە كىلىپ خىتتاي تېررىتورىيىسى تەۋەسىدە سىزنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن قايتا تىرىكچىلىك قىلىپ نورمال ياشاش ئىمكانىيىتىڭىز بولمىسا، دېموكراتىك دۆلەتكە قېچىپ چىقىپ پاناھلىق تىلىسىڭىز بولىدۇ.

### ياشاۋاتقان ئورۇن مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشى سەۋەپلىك قېچىپ پاناھلىنىش.

سىز ياشاۋاتقان رايوننىڭ مۇھىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغانغان، سىز ھۆكۈمەتنىڭ مۇۋاپىق دەرىجىدىكى بۇلغىنىشتىن مۇداپىئەلىنىش ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن، ھۆكۈمەت، قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قوغدىشىدىن مەھرۇم قالغان بولسىڭىز، خىتتاي تېررىتورىيىسى تەۋەسىدە سىزنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن باشقا ئورۇنغا كۆچۈپ، شۇ جايدا نورمال ھاياتىڭىزنى كەچۈرۈش ئىمكانى بولمىسا، دېموكراتىك دۆلەتكە قېچىپ چىقىپ پاناھلىق تىلىسىڭىز بولىدۇ.

ئۆتكەن يىلى گېرمانىيەدە ئېچىلغان دۇنيا كىلىمات يىغىنىدا، مۇھىت بۇلغىنىشتىن قېچىپ پاناھلىق تىلەش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە بۇ ماددىنى پاناھلىق تىلەشتىكى سەۋەپ دەپ تونۇشنى

ھەرقايسى دېموكراتىك دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگە تەۋسىيە قىلغان. ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرى، يۇقىرىقى سەۋەپنى ئاساس قىلىپ پاناھلىق تىلىگەن، جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى چىلىدىن كەلگەن پاناھلانغۇچىنىڭ ئىلتىماسىنى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى قوبۇل قىلغان.

**پاناھلىق ئىلتىماسىدىكى قەدەم- باسقۇچلار.**

سىز بىر دېموكراتىك دۆلەتكە ئاياق باسقاندىن كېيىن، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پاناھلانغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش ئورنىغا بېرىپ ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىسىز.

**بىرىنچى قەدەم:** پاناھلىنىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭىز توغرىسىدا تىزىملىغا ئالدۇرىسىز، يەنى ئىسىم - فامىلىڭىز، تۇغۇلغان ۋاقتىڭىز، تۇغۇلغان يېرىڭىز، دۆلەت تەۋەلىكىڭىز قاتارلىق ئۆزىڭىزنىڭ شەخسى ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەپ، جەدۋەللەرگە ئىمزايىڭىزنى قويىسىز.

**ئىككىنچى قەدەم:** پاناھلىنىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭىز توغرىسىدا رەسمىي ئىلتىماس سۇنىسىز. سىزگە ئائىت كىملىك ئۇچۇرلار ئارخىپلاشتۇرۇلۇپ، دۆلەتنىڭ پاناھلانغۇچىلار ئارخىپىغا كىرگۈزۈلىدۇ ۋە سىزنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىڭىزغا ئاساسەن، سىزگە پاناھلىق تىلەشتىكى گۇۋاھلىق سۆھبەت (ئىنگلىزچە **interview**/ خەنزۇچە / **听证会** گېرمانچە**Anhörung** / تۈركچە **مەھكىمە** دەپ ئاتايدۇ). ۋاقتىنى بىكىتىپ بېرىدۇ. بۇ تۈردىكى خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى پاناھلانغۇچى، تەرجىمان ۋە پاناھلانغۇچىلار خىزمىتىگە مەسئۇل ھۆكۈمەت خادىمى بىلەن نەق مەيداندا بىجىرىلىدۇ. سىز خىتتاي دۆلەت تەۋەلىكىدىن كەلگەن بولغاچقا، سىزنى خىتتاي تىلىدا سۆزلەشكە تەۋسىيە قىلىدۇ. سىز ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى بىلىدىغان تىلدا سۆزلىگىنىڭىز ئەڭ مۇۋاپىق. چوقۇم ئۆز ئانا تىلىڭىزدا سۆزلەش ھوقۇقىڭىز بولىدۇ، پەقەت تەرجىمان تېپىشقا ۋاقىت كېتىدۇ، سەۋرچان بولغىنىڭىز ياخشى.

**ئۈچىنچى قەدەم:** گۇۋاھلىق سۆھبىتى. بۇ سۆھبەت سىزنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىڭىزنى قوبۇل قىلىش- قىلماسلىقتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە سىزنىڭ قايسى تىلدا سۆھبەتلىشىشنى تاللاش ھوقۇقىڭىز بار.

ئەگەر سىز ئايردرومدا ۋىزىسىز كىلىپ، پاناھلانماقچى بولسىڭىز يۇقىرىدا دېيىلگەن باسقۇچلارنىڭ ھەممىسى كۆپىنچە ھاللاردا تەرجىمان سەۋەپلىك بىر قېتىمدىلا بىجىرىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن سىزنى چېگرىدىن كىرىشكە رۇخسەت قىلىدۇ.

**گۇۋاھلىق سۆھبىتى:** گۇۋاھلىق سۆھبەت ئۇقتۇرۇشىنى سىزگە ھۆكۈمەت تەرەپ بىۋاستە، ئەڭ ئاز دىگەندە 2 ھەپتە ئاۋۋال ئۇقتۇرىدۇ. بۇ سۆھبەت ئۈچۈن ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىشىڭىز لازىم .

سۆھبەت، سۆھبەت رىياسەتچىسى يەنى ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس پاناھلانغۇچىلارنىڭ پاناھلىنىش سەۋەبىنى سورايدىغان كەسپىي قانۇن خىزمەتچىسى، تەرجىمان ۋە سىز بىلەن بولىدۇ. ئەگەر ئادۋۇكات تەكلىپ قىلغان بولسىڭىز، ئادۋۇكاتىڭىز ھەمراھ بولىدۇ. سىز شۇ جەرياندا بىرەر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئەھۋالىڭىزنى دىگەن بولسىڭىز ۋە ئۇلارنى بۇ سۆھبەتكە تەكلىپ قىلسىڭىز، ئۇلار ھۆكۈمەتكە تىزىملىتىش ئارقىلىق سىزگە ھەمرا بولسا بولىدۇ، ئەلۋەتتە ھۆكۈمەت تەرەپ قوشۇلغان ئەھۋال ئاستىدا .

سىز بىلەن سۆھبەتلىشىدىغان خادىم نورمالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار، ئۇيغۇر توغرىسىدا بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولغان بولۇپ ھەم بىر پسىخولوگ ھىساپلىنىدۇ.

سۆھبەتتە ئالدى بىلەن سىزگە مۇناسىۋەتلىك شەخسىي ئۇچۇرلارنى يەنى ئىسىم- فامىلىڭىز، ئوقۇش تارىخىڭىز، ئاتا-ئانىڭىز، تۇغۇلغان يۇرتىڭىز، دۆلەت تەۋەلىكىڭىز، كەسپىڭىز قاتارلىق بىر يۈرۈش سوئاللاردىن كيىن، پاناھلىنىشىڭىزدىكى سەۋەپنى سورايدۇ. بۇ نۇقتىدا سىز ئۆزىڭىزنىڭ پاناھلىنىشقا مەجبۇر قالغان، بېشىڭىزدىن كەچۈرگەن بىۋاستە سەرگۈزەشتىڭىزنى: قاچان، قەيەردە، قانچە قىتىم، كىملەر تەرىپىدىن، قانداق شەكىلدە، ئاي- كۈنى بىلەن دەپ بېرىشىڭىز كىرەك. بىز يۇقىرىدا ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن 10 تۈرلۈك سەۋەپنىڭ قايسىسىنى بېشىڭىزدىن كەچۈرگەن بولسىڭىز شۇنى بايان قىلىسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر سىز تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان ئادەم بولسىڭىز، پاسپورتنى قانداق چارە بىلەن ۋە خىتتايدەك پارىخور دۆلەتتە قانچىلىك ئىقتىسات سەرپ قىلىپ ئالغانلىقىڭىزنى، شۇنداقلا سىزدەك بىر ئادەمنىڭ خىتتاي دۆلەت چېگرىسىدىن بىخەتەر ھالدا قانداق شەكىل- ۋاستىلەر بىلەن ئايرىلغانلىقىڭىزنى قايىل قىلارلىق سەۋەپ بىلەن ئىزاھلىشىڭىز لازىم. ئەگەر قايتىپ كەتسىڭىز قانداق بىر ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىڭىزنىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىشىڭىز كىرەك. بۇ سۆھبەتتە ئەڭ ياخشىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى، ئۇيغۇر تەرجىمان تەلەپ قىلغىنىڭىز ئەڭ ياخشى. بەزىدە ھۆكۈمەت باشقا مىللەتتىن بولغان، بىرئاز ئۇيغۇرچە بىلىدىغان تەرجىماننى تەكلىپ قىلىدۇ. خىتتاي مىللىتىدىن بولغان، خىتتاي تەرجىماننى ئەڭ ياخشىسى، چىرايلىق شەكىلدە رەت قىلىڭ. خىتتاي تەرجىمانغا قوپاللىق قىلغىنىڭىز، خىتتاي مىللىتىگە بولغان ئىشەنمەسلىك بولماستىن بەلكى شۇ دۆلەت سىز ئۈچۈن تەكلىپ قىلغان، شۇ دۆلەت ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بولغان ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. سىز پەقەت سورالغان سوئاللارغىلا جاۋاپ بېرىڭ، سۆھبەت ئاخىرىدا پۇرسەت بولسا ۋەتەندىكى، ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى تراگېدىيىسى توغرىسىدا توختالسىڭىز بولىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە پەقەتلا سىز

پاناھلىق ئىلتىماسىنى سۇنۇۋاتىسىز، سىزگە بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق، باشقىلار توغرىسىدا كۆپ سۆزلىسىڭىز ئاقىۋەتتە سىزگە پايدىسىز بولىدۇ.

سىز بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن خادىمنىڭ بەزىلىرىگە، پاناھلانغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش- قىلماسلىق سالاھىيىتى بېرىلگەن. سالاھىيەتكە ئىگە خادىملار سۆھبەتتىن كېيىن 6 ئاي ئىچىدە سىزگە قوبۇل قىلغان - قىلمىغانلىق توغرىسىدا يازما شەكىلدە، ھۆكۈمەت نامىدىن قارارنى ئەۋەتىدۇ. سالاھىيەتكە ئىگە بولمىغان خادىملار سۆھبەت خاتىرىسىنى، قارار چىقىرىش مەركىزىگە ئەۋەتىدۇ ۋە ھۆكۈم چىققاندىن كېيىن ئوخاشاشلا 6 ئاي ئىچىدە ھۆكۈمەت نامىدىن قارارنى ئەۋەتىدۇ. بۇ جەرياندا ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن ئورۇندا تۇرۇشىڭىز، خەت- چەكلىرىڭىزگە دىققەت قىلىشىڭىز، خالىغانچە ساياھەت قىلىپ يۈرمەسلىكىڭىز كېرەك.

ئەگەر ئىلتىماسىڭىز رەت قىلىنسا، نورمالدا بىر ئايلىق مۆھلىتىڭىز بولىدۇ. ناھايىتى ئاز ساندىكىلەرگە 2 ھەپتە مۆھلەت بېرىلىدۇ. 4 ھەپتە بولسا، ئالدىنقى 2 ھەپتىسى، 2 ھەپتە بولسا، بىرىنچى ھەپتىسى سىزنىڭ ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ، چىقىرىلغان قارارغا ئېتىراز بىلدۈرىدىغان ۋاقتىڭىز بولۇپ، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرسىڭىز، ھۆكۈمەت سىزنى قارارىمىزنى قوبۇل قىلدى دەپ قاراپ كېيىنكى 2 ھەپتىسى ياكى ئاخىرقى ھەپتىسى، سىزنى قايتۇرۇشقا تەييارلىق قىلىدۇ ۋە قايتۇرىلىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدا دېيىلگەن چۈشەنچىلەرگە سەل قارىماسلىقىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز.

كەلگەن رەتكە پەقەت ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ ئېتىراز قىلىسىڭىزلا كۇپايە، بۇنىڭ ھىچ بىر ئەندىشە قىلغۇدەك يېرى يوق.

سىز بىر دېموكراتىك دۆلەتكە كەلدىڭىز، شۇنداق ئىكەن سىزدە، بۇ دۆلەتتە ياشايمەن دەيدىغان بىر قەتئىي نىشان بولۇشى كېرەك. بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سىزدە ئۆزىڭىزگە ئىشەنچ، سوغۇققان ئەقلىي تەپەككۇر، تىرىشچانلىق بولسا، نىشانىڭىزغا چوقۇم يېتىسىز. سىز ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ئەزا بولۇڭ، تەشكىلاتلار ئۇيۇشتۇرغان نامايىش ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، قاتناشقانلىق ئىسپاتلىرىڭىزنى ئادۋوكاتىڭىزغا ئەۋەتىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئىشلىرىڭىز تېز ھەل بولىدۇ، ئىلگىرى كەلگەنلەرنىڭ تەجرىبىسىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى. سىزدە مەسئۇلىيەت، ئەخلاق بولىدىكەن كۆزلىگەن نىشانغا چوقۇم يېتىسىز.

## تەۋسىيە

كېيىنكى يىللاردا بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ، خىتتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخستى بىلەن چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇۋاتقان، خىزمەت قىلىۋاتقان زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، بەزى دۆلەتلەردىن خىتتايغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتسە، بەزى دۆلەتلەردىكىلەرنىڭ ئائىلىسىگە بېسىم ئىشلىتىپ ياكى ئاتا-ئانىسىنى تۇتقۇن قىلىپ ئۇلارنى خىتتايغا كېتىشكە، ۋە ياكى خىتتاي دۆلىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلىماقتا. يەنە بىر قىسىملىرى بولسا پاسپورت مۇھلىتىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن خىتتاي دۆلىتىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا، كونسۇلخانىلىرىغا بارغاندا پاسپورت مۇھلىتى ئۇزارتىلماي مەجبۇرى خىتتايغا قايتىش، ياكى چەتئەلدە سالاھىيەتسىز ياشاشقا مەجبۇرلىنىۋاتىدۇ. چەتئەللەردە بۇ خىل ئەھۋالدا قالغان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلار، سىز ۋەتەندە خىتتايغا قارشى ھېچقانداق بىر پائالىيەتكە قاتناشمىدىڭىز، ئەمما نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ۋەتەنگە قايتسىڭىز قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغىنىڭىز سىز ئەمەس، ھازىر پۈتۈن دۇنياغا ئايان بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن سىزدە ئۇيغۇرلۇق بىر غورۇر بولسا، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان دۆلەتتە ئىلتىماس قىلىپ پاناھلىنىڭ. ئۆزىڭىزنىڭ پاسپورت مۇھلىتىنى ئۇزارتىش جەريانىدا بېشىڭىزدىن كەچۈرگەنلىرىڭىز، ئاتا-ئانىڭىزغا بولغان بېسىم، تۇتقۇن قىلىشلار، خىتتاينىڭ ھازىرقى شارائىتتا ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزۈۋاتقان قەبىھ، تۈرلۈك قانۇن- سىياسەتلىرى پاناھلىنىشىڭىز ئۈچۈن تولۇق ۋە يېتەرلىك ئىسپات بولالايدۇ.